## 10197 ـ مۇقەددەس قۇرئان

**سۇئال**

قۇرئان دىگەن نىمە ؟

**تەپسىلى جاۋاپ**

مەدھىيە ئاللاھقا بولسۇن .

قۇرئان دۇنيالارنىڭ پەرۋەردىگارىنىڭ سۆزى بولۇپ ، ئاللاھ ئۇنى ئىنسانلارنى قاراڭغۇلۇقتىن يورۇقلۇققا چىقىرىش ئۈچۈن ئەلچىسى مۇھەممەتكە

(ئاللاھنىڭ تەرىپلىشى ۋە ئامانلىق ئۇنىڭغا بولسۇن )چۈشۈرگەن :

سىلەرنى(كۇفرىنىڭ) قاراڭغۇلۇقىدىن (ئىماننىڭ) نۇرىغا چىقىرىش ئۈچۈن، الله بەندىسىگە روشەن ئايەتلەرنى نازىل قىلدى ، الله شەك ـ شۈبھىسىز سىلەرگە مەرھەمەتلىكتۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر . [ تۆمۈر(ھەدىيد) : 9 ]

ئاللاھ قۇرئاندا بىزگە بۇرۇنقى ۋە كېيىنكى دەۋر كىشىلىرىنىڭ ھىكايىلىرىنى ، ئاسمانلارنىڭ ۋە زىمىننىڭ يارىتىلىشىنى ئىيتىپ بەردى .ئۇ نىمىنىڭ ھالال ، نىمىنىڭ ھارام ئىكەنلىكىنى ، ياخشى ئەدەپ ـ قائىدىلەرۋە ئەخلاقلارنىڭ ئاساسلىرىنى ، ئىبادەت قىلىش ۋە باشقىلار بىلەن مۇئامىلە قىلىشتىكى بەلگىلىمىلەرنى ، پەيغەمبەرلەر ۋە توغرا يوللۇق كىشىلەرنىڭ ھاياتلىرىنى ، مۇئمىنلەر ۋە كاپىرلارنىڭ مۇكاپاتى ۋە جازاسىنى تەپسىلي چۈشەندۈرۈپ بەردى .ئۇ جەننەتنى ، مۇئمىنلەرنىڭ تۇرالغۇسىنى تەسۋىرلەپ بەردى ، ھەمدە ئۇ دوزاخنى ، كاپىرلارنىڭ تۇرالغۇسىنى تەسۋىرلەپ بەردى . ئۇ ئۇنى(قۇرئاننى) بارلىق نەرسىلەرنى چۈشەندۈرگۈچ قىلدى :

شۇ كۈندە بىز ھەر بىر ئۈممەتكە ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ئۇلارغا قارشى (گۇۋاھلىق بېرىدىغان) بىر شاھىت (يەنى پەيغەمبەر) كەلتۈرىمىز ۋە (شۇ كۈندە) بىز سېنى بۇلارغا (يەنى ئۈممىتىڭگە) شاھىت قىلىپ كەلتۈرىمىز. ساڭا بىز كىتابنى (يەنى قۇرئاننى) ھەممە نەرسىنى (يەنى كىشىلەر موھتاج بولىدىغان دىنىي ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى) چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان، (دىللارغا) ھىدايەت، (بەندىلەرگە) رەھمەت، مۇسۇلمانلارغا مەڭگۈلۈك سائادەت بىلەن خۇش خەۋەر يەتكۈزىدىغان قىلىپ نازىل قىلدۇق . [

ھەسەلھەرىسى(نەھل): 89 ]

قۇرئان ئاللاھنىڭ ئىسىم ـ سۈپەتلىرىنى ۋە ئۇ ياراتقان نەرسىلەرنى چۈشەندۈرىدۇ . ئۇ بىزنى ئاللاھقا ، ئۇنىڭ پەرىشتىلىرىگە ، كىتاپلىرىغا ، ئەلچىلىرىگە ، ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىشكە چاقىرىدۇ :

« پەيغەمبەر پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن ئۇنىڭغا نازىل قىلىنغان كىتابقا ئىمان كەلتۈردى، مۆمىنلەرمۇ ئىمان كەلتۈردى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى الله غا ۋە الله نىڭ پەرىشتىلىرىگە، كىتابلىرىغا ۋە پەيغەمبەرلىرىگە ئىمان كەلتۈردى. (ئۇلار) الله نىڭ پەيغەمبەرلىرىنىڭ ھېچبىرىنى ئايرىۋەتمەيمىز (يەنى ئۇلارنىڭ بەزىسىگە ئىمان ئېيتىپ، بەزىسىگە ئىمان ئېيتماي قالمايمىز) دەيدۇ. ئۇلار: بىز (دەۋىتىڭنى) ئاڭلىدۇق ۋە (ئەمرىڭگە) ئىتائەت قىلدۇق، پەرۋەردىگارىمىز، مەغپىرىتىڭنى تىلەيمىز، ئاخىر يانىدىغان جايىمىز

سىنىڭ دەرگاھىڭدۇر دەيدۇ . » [ ئىنەك( بەقەرە) : 285 ]

قۇرئان قىيامەت كۈنىنى ۋە ئۆلگەندىن كىيىن يۈز بىرىدىغان ئىشلارنى ـ تىرىلىش، توپلىنىش، ھۆكۈم چىقىرىش(سوتلاش) ، ۋە ھىسابات قىلىنىش ئىشلىرىنى تەسۋىرلەيدۇ . ئۇ يەنە كۆل ،سىرات(دوزاخ ئۈستىدىكى كۆۋرۈك)، تارازا[ئۇنىڭدا قىلمىشلار ئۆلچىنىدۇ ]، نىئمەتلەر ۋە ئازاپ ، ئىنسانلارنىڭ ئۇ كاتتا كۈندە يىغىلىشىنى تەسۋىرلەيدۇ :

الله دىن باشقا ھىچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر. الله شەكسىز بولىدىغان قىيامەت كۈنىدە سىلەرنى (ھىساب ئېلىش ئۈچۈن مەھشەرگاھقا) جەزمەن يىغىدۇ. الله دىنمۇ توغرا سۆزلۈك كىم بار؟ (يەنى سۆزىدە، ۋەدىسىدە الله دىنمۇ سادىق ھىچكىم يوق)

[ ئايالالر(نىسا): 87 ]

قۇرئان بىزنى ئاللاھنىڭ كائىناتتىكى بەلگىلىرىنى ۋە قۇرئان ئايەتلىرىنى تەكشۈرۈش، مۇلاھىزە قىلىشقا چاقىرىدۇ :

« ئېيتقىنكى، ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەرنى كۆزىتىڭلار. [ يۇنۇس : 101 ]

ئۇلار (ھەقنى تونۇش ئۈچۈن) قۇرئاننى پىكىر قىلمامدۇ؟ بەلكى ئۇلارنىڭ دىللىرىدا قۇلۇپ بار (شۇڭا ئۇلار چۈشەنمەيدۇ) [ مۇھەممەد : 24 ]

قۇرئان ئاللاھنىڭ بارلىق ئىنسانلارغا بەرگەن كىتابى :

شۈبھىسىزكى، بىز ساڭا كىتابنى ئىنسانلار ئۈچۈن ھەق بىلەن نازىل قىلدۇق، كىمكى ھىدايەت تاپىدىكەن، ئۆزى ئۈچۈن ھىدايەت تاپقان بولىدۇ، كىمكى ئازىدىكەن، ئۆزىنىڭ زىيىنى ئۈچۈن ئازغان بولىدۇ، سەن ئۇلارغا ھامىي ئەمەسسەن (يەنى ئۇلارنى ئىمانغا زورلاشقا مۇئەككەل ئەمەسسەن) [ توپ ( زۇمەر): 41 ]

قۇرئان ئۆزىدىن بۇرۇنقى كىتاپلارنى ، تەۋرات ، ئىنجىللارنى راستلايدۇ ، ھەمدە ئۇ ئۇلارغا شاھىت بولىدۇ ، ئاللاھ ئېيتقاندەك :

(ئى مۇھەممەد!) بىز ساڭا ئۆزىدىن ئىلگىركى (ساماۋى) كىتابلارنى ئېتىراپ قىلغۇچى ۋە ئۇلارغا شاھىت بولغۇچى ھەق كىتابنى (يەنى قۇرئاننى) نازىل قىلدۇق [ داستىخان : 48 ]

قۇرئان چۈشكەندىن كىيىن ، قىيامەت بولغىچە بارلىق ئىنسانلارنىڭ كىتابى بولىدۇ . كىمدە كىم ئۇنىڭغا ئىشەنمەيدىكەن ، قىيامەت كۈنىدىكى ئازاپ بىلەن جازالىنىدىغان كاپىردۇر ، ئاللاھ ئېيتقاندەك :

بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغانلار، (الله غا) ئىتائەتسىزلىكلىرى تۈپەيلىدىن، ئازابقا دۇچار بولىدۇ . [ چاھارپايلار : 49 ]

قۇرئاننىڭ كاتتىلىقى ۋە ئۇنىڭدىكى كارامەتلەر ، مۆجىزىلەر ،مەسىلىلەرۋە ئىبرەتلەرنىڭ كاتتىلىقى ، ئۇنىڭدىن باشقا ئۇنىڭ تىلىنىڭ پاساھىتى ۋە گۈزەل ئۇسلۇبى تۈپەيلى ، ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ :

ئەگەر بىز بۇ قۇرئاننى بىرەر تاغقا نازىل قىلساق، چوقۇم سەن ئۇنىڭ الله دىن قورققانلىقتىن باش ئەگكەنلىكىنى، يېرىلىپ كەتكەنلىكىنى كۆرەتتىڭ، بىز بۇ مىساللارنى كىشىلەرگە ئۇلار (الله نىڭ قۇدرىتىنى) پىكىر قىلسۇن دەپ بايان قىلىمىز .

[ سۈرگۈن(ھەشر) : 21]

ئاللاھ ئىنسانلارنى ۋە جىنلارنى ئۇنىڭغا ئوخشاش بىر نەرسىنى، ھەتتا بىرە تال سۈرە ياكى بىرە ئايەت بولسىمۇ مەيدانغا كەلتۈرۈپ بېقىشقا جەڭ ئېلان قىلدى ، بىراق ئۇلار ئۇنى قىلالمىدى ، ھەمدە مەڭگۈ قىلالمايدۇ ، ئاللاھ ئېيتقاندەك :

« ئېيتقىنكى، ئەگەر ئىنسانلار، جىنلار بۇ قۇرئاننىڭ ئوخشىشىنى مەيدانغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن يىغىلىپ بىر ـ بىرىگە

ياردەملەشكەن تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ ئوخشىشىنى مەيدانغا كەلتۈرەلمەيدۇ . » [ كېچىلىك سەپەر17 : 88 ]

قۇرئان ئاسمانى كىتاپلارنىڭ ئەڭ كاتتىسى ، ئەڭ مۇكەممىلى، ئەڭ تولۇقى ۋە ئۇلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى بولغاچقا ، ئاللاھ ئەلچىسى مۇھەممەدنى (ئاللاھنىڭ تەربىلىشى ۋە ئامانلىق ئۇنىڭغا بولسۇن )ئۇنى بارلىق ئىنسانلارغا يەتكۈزۈشكە بۇيرىدى ، ئۇ دەيدۇ :

ئى ئەلچى! پەرۋەردىگارىڭ تەرىپىدىن ساڭا نازىل قىلىنغان ئەھكاملارنىڭ ھەممىسىنى يەتكۈزگىن، ئەگەر تولۇق يەتكۈزمىسەڭ، الله تاپشۇرغان ۋەزىپىنى ئادا قىلمىغان بولىسەن. الله سېنى كىشىلەرنىڭ زىيانكەشلىكىدىن ساقلايدۇ. الله ھەقىقەتەن كاپىر قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ . [ داستىخان5 : 67 ]

مەزكۇر كىتاپنىڭ مۇھىملىقى ، ئۇممەتنىڭ ئۇنىڭغا مۇھتاجلىقى سەۋەپلىك ، ئاللاھ بىزنى ئۇنىڭ بىلەن شان–شەرەپلىك قىلدى . ئۇ ئۇنى بىزگە چۈشۈردى ، ئۇنى قوغداشقا كاپالەت قىلدى . ئاللاھ دەيدۇ :

قۇرئاننى ھەقىقەتەن بىز نازىل قىلدۇق ۋە چوقۇم ئۇنى قوغدايمىز . [ ھىجىر15 : 9 ]

پىشۋا مۇھەممەت بىن ئىبراھىيم تۇۋەيجىرىينىڭ[ ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسلىرى ] كىتابىدىن ئېلىندى .